# خۇدانىڭ

# ئايالى يوق

# خۇدانىڭ ئايالى يوق

مۇھەممەد دەۋرىدىكى مەككە كاپىرلىرى «خۇدانىڭ «ئىلاھىي قىزلىرى بار»» دېگەنگە ئىشىنەتتى. شۇنداقلا شەرھچى ئىبن ئىسھاقمۇ: «مەككىدە يەنە «پاك قىز مەريەم بولسا، خۇدانىڭ ئانىسى» ۋە «مەسىھ ئەيسا خۇدانىڭ جىسمانىي جەھەتتىكى ئوغلى» دېگەنگە ئىشەنگەن خرىستىيانلارمۇ بار» دەپ خاتىرە قالدۇرغان. بەلكىم شۇ سەۋەبتىن بىز قۇرئاندىن: —

***«ئاللا ئاسمانلارنى ۋە يەرنى ئۆرنەكسىز ياراتقۇچىدۇر، ئاللانىڭ خوتۇنى يوق تۇرسا، قانداقلارچە باللىسى بولسۇن؟»*** (سۈرە «ئەنئام»، 102-ئايەت)، شۇنداقلا: —

***«پەرۋەردىگارىمىزنىڭ ئەزىمىتى كاتتىدۇر، خوتۇنى ۋە باللىسى يوقتۇر»*** (سۈرە «جىن»، 3-ئايەت) دېيىلگەندەك ئايەتلەرنى تاپالامىز.

شۇنىڭ بىلەن نۇرغۇن مۇسۇلمانلار خۇدا توغرۇلۇق «ئاتا»، «ئوغۇل» دېگەن سۆزلەرنى ئاڭلىغاندا، «بىر ئاتا ئوغۇللۇق بولۇشى ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئايالى بولۇشى كېرەك، بۇ چوقۇم جىسمانىي ياكى جىنسىي بىر مۇناسىۋەتنى كۆرسىتىدۇ» دېگەنگە ئىشىنىدۇ. شۇڭا

ئۆلار: «خۇدانىڭ ئايالى يوق بولسا، مەسىھ ئەيسا قانداقسىگە خۇدانىڭ ئوغلى بولالىسۇن؟» دېگەن سوئالنى قويىدۇ.

بىراق مەسىھىيلەرمۇ بۇ خىلدىكى ئاتا-ئوغۇللۇق مۇناسىۋەتكە قەتئىي ئىشەنمەيدۇ. ئەمما نۇرغۇن مۇسۇلمانلار بۇنى تېخى چۈشىنىپ يەتمىگەن.

مۇقەددەس كىتاب «تەۋرات، زەبۇر، ئىنجىل»لاردا «خۇدانىڭ «ئايالى»» توغرىسىدا ھېچقانداق گەپ قىلىنمىغان. خۇدانىڭ ھېچقانداق مەخلۇقلار بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەتتە بولغانلىقىنىڭ زەررىچىلىق پۇرىقىمۇ يوق. ئاشۇنداق بىر ئۇقۇمنى، مەيلى مەسىھ مۇخلىسلىرى بولسۇن، مەيلى مۇسۇلمانلار بولسۇن، ھەممىسى ئوخشاشلا پۈتۈنلەي كۇپۇرلۇق ۋە نەپرەتلىك دەپ قارايدۇ. مەسىھ مۇخلىسلىرى مۇسۇلمانلاردا ئۆزلىرىدىكى ئېتىقادىنىڭ ئاساسى توغرىسىدا مۇشۇنداق خاتا ئۇقۇمنىڭ بارلىقىدىن خەۋەر تېپىپ قالسا، ناھايىتى چۆچۈپ كېتىدۇ ۋە ئازابلىنىدۇ. روشەنكى، بۇ چوڭ بىر ئۇقۇشماسلىق، شۇڭلاشقا مۇسۇلمانلار بۇنى ئېنىق بىلىپ يەتكەندىن كېيىن يەنە: «ئەگەر باشقىلارنىڭ خاتا چۈشىنىپ قېلىشىنى خالىمىساڭلار، نېمىشقا يەنە «خۇدانىڭ ئوغلى» دېگەن سۆزنى ئىشلىتىۋېرىسىلەر؟» ــ دېگەن سوئالنى سورايدۇ.

# ئاتا ۋە ئوغۇل

مەسىھ ئەيسا ئۆزىگە مەخسۇس بىر ئاتالغۇنى رەسمىي تەستىقلىغان تۇرسا، بىزنىڭ بۇ ئاتالغۇنى ئىشلەتمەي تاشلىۋېتىشىمىز توغرىمۇ؟ بۇ ئەقىل-پاراسەتلىكمۇ؟ مەسىھ ئەيسا مۇخلىسلىرىدىن: «**سىلەر مېنى كىم دەيسىلەر؟**» — دەپ سورىغاندا، سىمون پېترۇس ئۇنىڭغا: — «**سەن مەسىھ، مەڭگۈلۈك ھايات خۇدانىڭ ئوغلى ئىكەنسەن**» — دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ئەيسا بولسا: «**بەختلىكسەن، ئى يۇنۇس ئوغلى سىمۇن! بۇنى ساڭا ئاشكارىلىغۇچى ھېچ ئەت-قان ئىگىسى ئەمەس، بەلكى ئەرشتىكى ئاتامدۇر**» دەپ جاۋاب بېرىدۇ *(ئىنجىل، «ماتتا»، 16-باب، 15-18-ئايەت).*

«ئاتا» ۋە «ئوغۇل» دېگەن سۆزلەرنى كىشىلەرنىڭ يىرگىنچلىك ھالدا چۈشىنىشىنىڭ ھاجىتى يوق. ئەگەر راستىنىلا شۇنداق خاتا چۈشىنىپ قالسىڭىز، ئۇنداقتا تۆۋەندىكى ئىبارىلەرنى قانداق چۈشەندۈرۈپ بېرىسىز؟ —

1. مۇھەممەدنىڭ ئابدۇل ئۇززا ئىسىملىك بىر تاغىسى بار ئىدى. قۇرئاندا ئۇ «ئابۇ لەھەب» (يالقۇننىڭ ئاتىسى) دەپ ئاتىلىدۇ («سۈرە مەسەد»، 1-ئايەت). روشەنكى، بۇ بىر يالقۇننىڭ ئۇنىڭدىن تۇغۇلغانلىقىنى چۈشەندۈرمەيدۇ.
2. قۇرئاندا «يولنىڭ ئوغلى» («يولۇچى» دېگەن مەنىدە) (ئىبنى ئەس-سەبىل) (سۈرە «بەقەرە»، 117-ئايەت) دېگەن بۇ ئىبارە ئىشلىتىلىدۇ. بۇ، يولنىڭ بىر ئائىلى بار، شۇنداقلا ئوغلى

بار دىگەننى چۈشەندۈرمەيدۇ. بۇنىڭغا ئوخشاش ئۇنداق مىساللار ناھايىتى كۆپتۇر: ــ

3. قۇرئان ــ «كىتابنىڭ ئانىسى» (ئۇمم ئۇل-كىتاب) دەپ ئاتىلىدۇ (سۈرە «ئال-ئىمران» 7-ئايەت ۋە باشقىلار)

4. مەككە ــ «شەھەرلەرنىڭ ئانىسى» (ئۇمم-ئۇل-كۇراھ) دەپ ئاتىلىدۇ (سۈرە «ئەنئام» 93-ئايەت ۋە باشقىلار).

5. مۇھەممەدنىڭ ئاياللىرى «مۆمىنلەرنىڭ ئانىلىرى» دەپ ئاتىلىدۇ.

6. مۇھەممەدنىڭ نەۋرە ئۇكىسى «ئابۇ تۇراب» (تۇپراقنىڭ ئاتىسى) دەپ ئاتىلىدۇ.

7. مۇھەممەد ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇ توغرۇلۇق نۇرغۇن ھەدىسلەرنى باشقىلارغا قالدۇرغان بىر مۇخلىسى، مۈشۈككە ئامراق بولغانلىقى ئۈچۈن «ئابۇ ھۇرايراھ» (مۈشۈكنىڭ ئاتىسى) دەپ ئاتالغان.

ئاتام زاماندىن بېرى ياشاپ كېلىۋاتقان ئەر-ئاياللار، ئۆزلىرى ئۇچراتقان ياش قىز-يىگىتلەرنى (گەرچە ئۆز ئوغلى ياكى قىزى بولمىسىمۇ) «ئوغلۇم»، «قىزىم» دەپ ئاتايدۇ. بۇ ئومۇميىلىشىپ كەتكەن ئادەتكە ئايلانغان.

يۇقىرىقى مىساللاردىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئەيسانى «خۇدانىڭ ئوغلى» دېيىش ئادەمنى يىرگەندۈرىدىغان سۆز ئەمەس، مۇقەددەس كىتابدا مەسىھ ئەيسا «خۇدانىڭ ئوغلى» دېيىلگەنلىكىنى، ھەربىر دۇرۇس نىيەتتىكى كىشىلەر قوبۇل قىلىشى شەرت.

## «مەسىھ ئەيسا خۇدانىڭ ئوغلى» دېگەننى قانداق چۈشىنىش كېرەك؟

مەسىھ ئەيسانىڭ ئۆزىنى «خۇدانىڭ ئوغلى» دېگەننى قانداق چۈشىنىش كېرەك؟ پەرىشتە جەبرائىل مەريەمنىڭ يېنىغا ئەۋەتىلىپ، ئۇنىڭغا بىر ئوغۇل پەرزەنت كۆرۈش خۇش خەۋىرىنى يەتكۈزگىنىدە، مەريەم تۆۋەندىكىدەك ئىنكاس قايتۇرغان: ــ

«مەريەم پەرىشتىدىن – مەن تېخى ئەر كىشىگە تەگمىگەن تۇرسام، بۇ ئىش قانداقمۇ مۇمكىن بولسۇن؟ – دەپ سورىدى.
پەرىشتە ئۇنىڭغا جاۋابەن: – مۇقەددەس روھ سېنىڭ ۋۇجۇدۇڭغا چۈشىدۇ ۋە ھەممىدىن ئالىي بولغۇچىنىڭ كۈچ-قۇدرىتى ساڭا سايە بولۇپ يېقىنلىشىدۇ. شۇڭا، سەندىن تۇغۇلىدىغان مۇقەددەس پەرزەنت خۇدانىڭ ئوغلى دەپ ئاتىلىدۇ»
*(ئىنجىل، «لۇقا» 1-بابتىن).*

## ئەيسا ۋە ئادەمئاتا

«سۈرە ئال-ئىمران»، 59-ئايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: ــ

«ئاللانىڭ نەزىرىدە ئەيسانىڭ مىسالى (ئۇ ئاتىسىز يارىتىلغانلىقتىن) ئادەمئاتىنىڭ مىسالىغا ئوخشايدۇ. ئادەمنى

*ئاللا (ئاتا-ئانىسىز) تۇيراقتىن ياراتتى، ئاندىن ئۇنىڭغا: «ۋۇجۇدقا كەل» دېدى-دە، ئۇ ۋۇجۇدقا كەلدى».*

ئەيسا بىلەن ئادەمئاتا ئوتتۇرىسىدا پەرق بارمۇ؟ ئىنجىل بويىچە ئېيتقاندا ئەيسا ئادەتتىكى ئادەم ئەمەس؛ ئۇ تۇغۇلۇشىدىن ئىلگىرىلا مەۋجۇت ئىدى. ئىنجىل، «يۇھاننا» 8-باب، 56-58-ئايەتتە: —

**«ئەيسا يەھۇدىي موللىلارغا: – ئاتاڭلار ئىبراھىم مېنىڭ كۈنۈمنى كۆرىدىغانلىقىدىن يايراپ-ياشنىدى ھەم دەرۋەقە ئۇنى ئالدىنئالا كۆرۈپ شادلاندى.**

**– سەن تېخى ئەللىك ياشقا كىرمەي تۇرۇپ، ئىبراھىمنى كۆردۈڭمۇ؟ – دېيىشتى ئۇلار.**

**ئەيسا ئۇلارغا:**

**– بەرھەق، بەرھەق، مەن سىلەرگە شۇنى ئېيتىپ قوياي، ئىبراھىم تۇغۇلماستىلا، مەن بار بولغۇچىدۇرمەن! – دېدى»** دەپ خاتىرىلىنىدۇ.

**«مەن بار بولغۇچىدۇرمەن»** (ياكى **«مەن ئۆزۈمدۇرمەن»**) دېگەن نامنى، يەنى خۇدانىڭ بۇ نامىنى چۈشىنىش ئۈچۈن «مىسىردىن چىقىش» 14:3نىمۇ كۆرۈڭ).

بىر ۋاقىتتا، ئەيسا يەھۇدىي موللىلاردىن مۇنداق بىر سوئال سورىدى: —

**«كىشىلەر مەسىھنى قانداقسىگە داۋۇتنىڭ ئوغلى دەيدۇ؟ چۈنكى داۋۇت ئۆزى زەبۇردا: پەرۋەردىگار مېنىڭ**

رەببىمگە ئېيتتىكى: –
«مەن سېنىڭ دۈشمەنلىرىڭنى تەختىپەرىڭ قىلغۇچە،
مېنىڭ ئوڭ يېنىمدا ئولتۇرغىن!» – دېگەنغۇ؟
ئەمما داۋۇت ئۇنى «رەببىم» دەپ چاقىرغان يەردە، ئۇنداقتا ئۇ قانداقمۇ ئۇنىڭ ئوغلى بولىدۇ؟» (چۈنكى مەسىھ داۋۇتتىن ئۆلۈغ بولىدۇ، ئەلۋەتتە ـ ئىنجىل، «لۇقا»، 20-باب، 41-44-ئايەت، ۋە زەبۇر، 110-كۈي، 1-ئايەتنى كۆرۈڭ).
شۇ سۆزلەر بىلەن مەسىھ ئەيسا ئۆزىنىڭ جىسمىي جەھەتتىكى ئەجدادلىرىدىن، جۈملىدىن ئادەمئاتىدىنمۇ ئۈستۈن تۇرىدىغانلىقىنى ئېيتىمامدۇ؟

ئىنجىلدا ئەيسا «ئاخىرقى ئادەمئاتا» دەپ ئاتىلىدۇ: ـ
«شۇڭا تەۋراتتا مۇنداق پۈتۈلگەنكى: «تۇنجى ئىنسان ئادەمئاتىمىز تىرىك بىر جان قىلىپ يارىتىلدى»؛ ئەمما «ئاخىرقى ئادەمئاتا» بولسا ھاياتلىق بەرگۈچى روھ بولدى. ئەمما ئاۋۋال كەلگىنى روھىي ئادەم ئەمەس، بەلكى «تەبىئەتكە تەۋە بولغۇچى» ئادەم ئىدى، كېيىن «روھىي ئادەم» كەلدى. دەسلەپكى ئىنسان بولسا يەردىن، تۇپراقتىن ئاپىرىدە قىلىنغان؛ ئىككىنچى ئىنسان بولسا ئاسماندىن كەلگەندۇر؛ تۇپراقتىن ئاپىرىدە قىلىنغىنى قانداق بولغان بولسا، ئۇنىڭدىن بولغان «تۇپراقلىق»لارمۇ شۇنداق بولۇر؛

**ئاسماندىن كەلگىنى قانداق بولسا، ئۇنىڭدىن بولغان «ئاسمانلىقلار»مۇ شۇنداق بولۇر. بىزلەر «تۇپراقلىق ئادەم»نىڭ سۈرىتىدە بولغىنىمىزدەك، «ئاسمانلىق ئادەم»نىڭ سۈرىتىدىمۇ بولىمىز. ئەمما شۇنى ئېيتىمەنكى، ئى قېرىنداشلار، ئەت ۋە قاندىن تۈزۈلگەنلەر خۇدانىڭ پادىشاھلىقىغا ۋارىسلىق قىلالمايدۇ؛ ئۆلۈپ چىرىيدىغان تەنلىكلەر چىرىماس ھاياتقا ۋارىسلىق قىلالمايدۇ».**

*(ئىنجىل، «كورىنتلىقلارغا» 1-مەكتۇپ، 15-بابتىن)*

## خۇدا دېگەن قانداق بولىدۇ؟

خۇدانىڭ زادى قانداق بولىدىغانلىقىنى چۈشىنىشىمىز كېرەك. ئۇ تاش يۈرەكمۇ؟ ئۇ مېھرىبانمۇ؟... بۇنداق مۇھىم سوئاللارغا نەدىن جاۋاب تاپالايمىز؟

ئىنجىلدا مۇنداق دېيىلگەن: ــ

**«ھەممە ماڭا ئاتامدىن تەقدىم قىلىندى؛ ئوغۇلنىڭ كىملىكىنى ئاتىدىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ، ۋە ئاتىنىڭمۇ كىملىكىنى ئوغۇل ۋە ئوغۇل ئاشكارىلاشنى لايىق كۆرگەن كىشىلەردىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ»** *(«لۇقا»، 10-باب، 22-ئايەت)*.

**«خۇدانى ھېچكىم كۆرۈپ باققان ئەمەس؛ بىراق ئاتىنىڭ قۇچىقىدا تۇرغۇچى، يەنى بىردىنبىر ئوغۇل ئۇنى ئايان قىلدى».**

*(ئىنجىل، «يۇھاننا»، 1-باب، 18-ئايەت)*

شۇبھىسىزكى، «**خۇدانىڭ قۇچىقىدا تۇرغۇچى**» دېگەن بۇ ئىبارە مەسىھنىڭ خۇدانىڭ كۆڭلىنى بىلىدىغانلىقىنى ۋە خۇدا بىلەن بەك يېقىن مۇناسىۋەتتە بولىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. شۇنداقلا ئۇ بىزگە خۇدانىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرەلەيدۇ. ئۇ بىر قېتىم مۇخلىسلىرىغا بۇنداق دېگەن: ـ

**«يول، ھەقىقەت ۋە ھاياتلىق ئۆزۈمدۇرمەن. مېنىڭسىز ھېچكىم ئاتىنىڭ يېنىغا بارالمايدۇ. ئەگەر مېنى تونۇغان بولساڭلار، ئاتامنىمۇ تونۇغان بولاتتىڭلار. ھازىردىن باشلاپ ئۇنى تونۇدۇڭلار ھەم ئۇنى كۆردۇڭلار، – دېدى.**

**– ئى رەب، ئاتىنى بىزگە كۆرسىتىپ قويساڭلا، شۇ كۇپايە، – دېدى فىلىپ.**

**ئەيسا ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى: – «ئى فىلىپ، سىلەر بىلەن بىرگە بولغىنىمغا شۇنچە ۋاقىت بولدى، مېنى تېخىچە تونۇمىدىڭمۇ؟ مېنى كۆرگەن كىشى ئاتىنى كۆرگەن بولىدۇ. شۇنداق تۇرۇقلۇق، سەن نېمىشقا يەنە: «بىزگە ئاتىنى كۆرسەتكەيسەن» دەيسەن؟ مەن ئاتىدا، ئاتا مەندە ئىكەنلىكىگە ئىشەنمەمسەن؟ سىلەرگە ئېيتقان سۆزلىرىمنى ئۆزلۈكۈمدىن ئېيتقىنىم يوق؛ بەلكى مەندە تۇرۇۋاتقان ئاتا ئۆز ئەمەللىرىنى قىلىۋاتىدۇ.**

**مېنىڭ ئاتىدا بولغانلىقىمغا، ئاتىنىڭ مەندە بولغانلىقىغا ئىشىنىڭلار. ياكى ھېچبولمىغاندا، مېنىڭ قىلغان ئەمەللىرىمدىن ماڭا ئىشىنىڭلار»**
*(ئىنجىل، «يۇھاننا»، 14-بابتىن)*

شۇڭا، مەسىھ ئەيسا توغرۇلۇق ئۆگەنسەك، خۇدانىڭمۇ قانداق ئىكەنلىكىنى ئۆگەنگەن بولىمىز.

- «**«كالام» (خۇدانىڭ سۆزى) ئىنسان بولدى ھەم ئارىمىزدا ماكانلاشتى؛ ۋە بىز ئۇنىڭ شان-شەرىپىگە قارىدۇق – ئۇ شان-شەرەپ بولسا، ئاتىنىڭ يېنىدىن كەلگەن، مېھىر-شەپقەت ۋە ھەقىقەتكە تولغان بىردىنبىر يېگانە ئوغلىنىڭكىدۇر».**
*(ئىنجىل «يۇھاننا»، 1-باب، 14-ئايەت)*

بۇ ئايەت بىزگە ئەيسا مەسىھنىڭ خۇدانىڭ مەڭگۈلۈك كالامى (سۆزى) ئىكەنلىكىنى ئۆگىتىدۇ. پەقەت ئۇ شۇ سالاھىيىتىدە بولسىلا خۇدانى بىزگە تونۇتالايدۇ، چۈنكى: «**مۇقەددەمدە (ھەممىدىن بۇرۇن) «كالام» بار ئىدى؛ كالام خۇدا بىلەن بىللە ئىدى ھەم كالام خۇدا ئىدى. ئۇ ھەممىدىن بۇرۇن خۇدا بىلەن بىللە ئىدى**» *(ئىنجىل، «يۇھاننا»، 1-باب، 1-2-ئايەت)*
خۇدا مەڭگۈلۈك بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ كالامىنىڭ (سۆزىنىڭ)مۇ مەڭگۈلۈك ئىكەنلىكىنى چۈشىنىش تەس ئەمەس. بۇ دۇنيادا مەسىھ ئەيسادىن باشقا ھېچقانداق ئادەم «خۇدانىڭ كالامى» دەپ

ئاتالغان ئەمەس.

مۇتەپەككۇر بىر مۇسۇلمان: «خۇدا ئۆزىنىڭ مەڭگۈلۈك سۆزىنى ئىپادىلىمەكچى بولۇپ «مەڭگۈلۈك قۇرئان»نى چۈشۈرگەن» دېگەن ئۇقۇمنى قوبۇل قىلالىسا، ئۇنداقتا خۇدا ئۆزىنىڭ مەڭگۈلۈك تەبىئىتىنى مەڭگۈلۈك كالامى بولغان مەسىھ ئارقىلىق (تېنى ئارقىلىق) ئىپادىلىگەنلىكىنى قوبۇل قىلالمايدىغانلىقىنىڭ نەرى بار؟ خۇدانىڭ كالامى ھەقىقىي بىر ئىنسان بولۇپ ئۆز تېنى ئارقىلىق ئايان بولغانلىقىدىن گۇمان قىلغۇدەك يېرى بارمۇ؟ (شۇنىڭ ئۈچۈن مەسىھ ئەيسا بەزى-بەزىلەردە ئۆزىنى «ئىنسانئوغلى» دەپ ئاتىغان). 600 يىلدىن كېيىن «قۇرئان» مەسىھ ئەيسانىڭ «خۇدادىن كەلگەن بىر سۆزى («كەلەمىسى»، «كالامى»)» ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلغان (سۈرە «ئال-ئىمران»، 45-ئايەت).

## ئىسپات

ئىنجىلدا: «**بۇ خۇش خەۋەر ئۆز ئوغلى، يەنى رەببىمىز ئەيسا مەسىھ توغرىسىدىدۇر؛ جىسمانىي جەھەتتىن ئۇ داۋۇتنىڭ نەسلىدىن تۇغۇلغان؛ بىردىنبىر پاك-مۇقەددەس روھ تەرىپىدىن ئۆلۈمدىن تىرىلدۈرۈلۈش ئارقىلىق «كۈچ-قۇدرەت ئىگىسى خۇدانىڭ ئوغلى» دەپ كۆرسىتىلىپ بېكىتىلگەن**» دېيىلىدۇ («*رىملىقلارغا*»، *1-بابتىن*)

مەسىھ ئەيسانىڭ ئۆلۈمى، دەپنە قىلىنىشى ۋە تىرىلدۈرۈلۈشى توغرىسىدىكى «**كۆرسىتىلىپ بېكىتكەن**» ئىسپاتلار بىرگە خېلى بالدۇرلا نۇرغۇن گۇۋاھچىلار ئارقىلىق بۇ دۇنياغا بېرىلگەن ئىسپاتلاردۇر.

## مەسىھ ئەيسانى ئىنكار قىلساق، خۇدانىمۇ ئىنكار قىلغان بولىمىز

ئىنجىلدا: «**ئاتا ئۆزى ھېچكىمنىڭ ئۈستىدىن ھۆكۈم چىقارمايدۇ، بەلكى بارلىق ھۆكۈم ئىشلىرىنى ئوغۇلغا تاپشۇرغان. بۇنىڭدىن مەقسەت، — ئىنسانلارنىڭ ھەممىسى ئاتىغا ھۆرمەت قىلغاندەك، ئوغۇلغىمۇ ئوخشاشلا ھۆرمەت قىلىشى ئۈچۈندۇر. كىمكى ئوغۇلنى ھۆرمەتلىمىسە، ئۇنى ئەۋەتكۈچى ئاتىنىمۇ ھۆرمەتلىمىگەنلەردىن بولىدۇ**» دەپ خاتىرىلىنىدۇ. (*«يۇھاننا»، 5-باب، 22-23-ئايەت*).

مەسىھ ئەيساغا ئىنائەت قىلمىساق خۇدانىڭ غەزىپىگە قالىمىز:

—

«***ئوغۇلغا ئېتىقاد قىلغۇچى مەڭگۈلۈك ھاياتقا ئىگىدۇر. لېكىن ئوغۇلغا ئىنائەت قىلمىغۇچى ھاياتنى ھېچ كۆرمەيدۇ، بەلكى خۇدانىڭ غەزىپى شۇنداقلارنىڭ ئۈستىدە تۇرىدۇ***» (*ئىنجىل، «يۇھاننا»، 3-باب،*

*(36-ئايەت).*

ھالبۇكى،...

**«خۇدا ئوغلىنى دۇنيادىكى ئىنسانلارنى گۇناھقا بېكىتىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ ئۇ ئارقىلىق قۇتقۇزۇلۇشى ئۈچۈن دۇنياغا ئەۋەتتى»**

*(ئىنجىل، «يۇھاننا»، 3-باب، 17-ئايەت).*

خۇدا بىزگە ھەقىقەتەن كۆيۈنىدۇ

**«چۈنكى خۇدا دۇنيادىكى ئىنسانلارنى شۇ قەدەر سۆيىدۇكى، ئۆزىنىڭ بىردىنبىر يېگانە ئوغلىنى پىدا بولۇشقا بەردى. مەقسىتى، ئۇنىڭغا ئېتىقاد قىلغان ھەربىرىنىڭ ھالاك بولماي، مەڭگۈلۈك ھاياتقا ئېرىششى ئۈچۈندۇر».**

*(ئىنجىل، «يۇھاننا»، 3-باب، 16-ئايەت)*

**«خۇدا ئۆز مېھرى-مۇھەببىتىنى بىزگە شۇنىڭدا كۆرسەتتىدۇكى، بىز تېخى گۇناھكار ۋاقتىمىزدا، مەسىھ بىز ئۈچۈن جېنىنى پىدا قىلدى»**

*(ئىنجىل، «رىملىقلارغا»، 5-باب، 8-ئايەت).*

تەۋرات ۋە زەبۇردا، مەسىھ ئەيسا دۇنياغا كېلىشتىن خېلى بۇرۇنلا يەتكۈزۈلگەن بېشارەتلەر بويىچە، ئۇ ئۇلارنى كرېستلىنىشى بىلەن ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، ئۆز ئىختىيارى بىلەن بىزنىڭ گۇناھلىرىمىزنى، يەنى شۇ گۇناھلىرىمىزنىڭ تېگىشلىك جازاسىنى ئۆز زىممىسىگە ئالدى. شۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئۇنىڭ ئۆلۈم جازاسىنى

قوبۇل قىلغىنى، كرىستكە مىخلانغانلىقى ھەرگىز مەغلۇبىيەت ياكى «ئۆلۈغ بىر پاجىئە» ئەمەس. ئۇ ئۆلمەي، تىرىلدۈرۈلمىگەن بولسا ھەرگىز بارلىق ئىنسانىيەتكە قۇتقۇزغۇچى بولغان مەسىھ («قۇتقۇزغۇچى پادىشاھ») بولالمايتتى.

سىزنىڭ ئۇنىڭ چوڭقۇر مېھىر-مۇھەببىتىنى قوبۇل قىلىشىڭىزنى جىددىي دەۋەت قىلىمىز. پادىشاھ داۋۇت پەيغەمبەرنىڭ مەسىھ ئەيسا توغرىسىدا دەۋرىمىزدىن ئۈچ مىڭ يىل ئىلگىرىكى بەرگەن بېشارىتىنى ئاڭلاپ كۆرۈڭ: —

**«ئوغۇلنىڭ (خۇدانىڭ ئوغلىنىڭ) غەزىپىنىڭ قوزغالماسلىقى ئۈچۈن،**
**ئۇنى سۆيۈڭلار؛**
**چۈنكى ئۇنىڭ غەزىپى سەللا قايىنىسا،**
**يولۇڭلاردىلا ھالاك بولىسىلەر؛**
**ئۇنىڭغا تايانغانلار نەقەدەر بەختلىكتۇر!»**
*(«زەبۇر»، 2-كۈيى، 12-ئايەت)*

**«چۈنكى ئۆلگەنلەرنى ئاتا قانداق تىرىلدۈرۈپ، ئۇلارغا ھاياتلىق ئاتا قىلغان بولسا، ئوغۇلمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش ئۆزى خالىغان كىشىلەرگە ھاياتلىق ئاتا قىلىدۇ. شۇنىڭدەك، ئاتا ئۆزى ھېچكىمنىڭ ئۈستىدىن ھۆكۈم چىقارمايدۇ، بەلكى بارلىق ھۆكۈم ئىشلىرىنى ئوغۇلغا تاپشۇرغان».**
*(ئىنجىل، «يۇھاننا»، 5-باب، 21-22-ئايەت)*

«مەن ياشىمىغان بىر ھاياتقا،
ئۆلمىگەن بىر ئۆلۈمگە،
باشقا بىرىنىڭ ھاياتىغا،
باشقا بىرىنىڭ ئۆلۈمىگە،
تىكتىم مەڭگۈلۈك ھاياتىمنى».

(ئىزاھات ــ يۇقىرىقى قۇرئاندىكى ئايەتلەر مۇھەممەد سالىھ
تەرجىمە قىلغان 1986-يىلى 11-ئايدا مىللەتلەر نەشرىياتى
تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان قۇرئان كەرىمنىڭ ئۇيغۇرچە
تەرجىمىسىگە ئاساسەن ئېلىندى).

**«ھەقىقەتنى بىلىسىلەر ۋە ھەقىقەت سىلەرنى ئازادلىققا ئېرىشتۈرىدۇ»**

*(ئىنجىل، «يۇھاننا»، 8:31-ئايەت)*

«ئىنتېرنېت»تىن پايدىلىنىدىغان بولسىڭىز،
«www.mukaddeskalam.com»دىن
مۇقەددەس كىتابتىكى بارلىق قىسىملارنى چۈشۈرگىلى بولىدۇ.